# شى جىنپىڭ 2020 - يىللىق جۇڭگو خەلقئارا مۇلازىمەت - سودا يەرمەنكىسى يەر شارىۋى مۇلازىمەت - سودا باشلىقلار يىغىنىدا سۆز قىلدى

### مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى، شىنخۇا تورى نەق مەيداندىن بىۋاستە تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى** 2020 - يىللىق جۇڭگو خەلقئارا مۇلازىمەت - سودا يەرمەنكىسى يەر شارىۋى مۇلازىمەت - سودا باشلىقلار يىغىنى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كەچتە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ سىن شەكلى ئارقىلىق باشلىقلار يىغىنىدا سۆز قىلدى.

شۇ ۋاقىتتا، مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى، شىنخۇا تورى نەق مەيداندىن بىۋاستە تارقاتتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق بەدەل تۆلەندى. جۇڭگو - رۇسىيە ئىككى تەرەپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى ئاساسلىق جەڭ مەيدانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن غايەت زور مىللىي قۇربانلىققا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆچمەس تارىخىي تۆھپە قوشتى. ئىككى دۆلەت خەلقى مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، ئىسسىق قېنى ئارقىلىق يىمىرىلمەس ئۇلۇغ دوستلۇق ئورنىتىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن رۇسىيە ئوخشاشلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزا دۆلەتلىرى بولۇپ، دۇنيانىڭ تىنچلىق، تەرەققىيات ئىشلىرىدا مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. مەن داۋاملىق سىز بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەشنى پۇرسەت بىلىپ، جۇڭگو - رۇسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە مېۋىسى ۋە خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قەتئىي قوغداپ، كۆپ تەرەپچىللىكنى پائال قوغداپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئەۋلادلارنى ئۇزاققىچە تىنچ، ئومۇميۈزلۈك بىخەتەر، ئورتاق گۈللەنگەن دۇنيادىن بەھرىمەن قىلىشنى خالايمەن.

پۇتىن تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق تراگېدىيە. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو فاشىزم ۋە مىلىتارىزمغا قارشى تۇرۇشتىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى بولۇپ، تاجاۋۇزچىلار ئۈستىدىن ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە قىلىش ئۈچۈن غايەت زور مىللىي قۇربانلىق بەردى. ئاشۇ مەيدان مىسلىسىز مۇشەققەتلىك ئۇرۇشتا، بىز ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقى چوڭقۇر جەڭگىۋار دوستلۇق ئورناتتۇق. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ خىل ئۆزئارا ياردەم بېرىش روھى ئۈزلۈكسىز كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇلۇپ، رۇسىيە - جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق، ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى تارىخىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى قوغداش بىزنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتىمىز، تارىخنى بۇرمىلايدىغان، ناتسىستلارنى، مىلىتارىستلارنى ھەم ئۇلارنىڭ قولچوماقچىلىرىنى پەردازلايدىغان ھەرقانداق قىلمىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئازاد قىلغۇچىلارنىڭ تۆھپىسىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا، ھەتتا ھاقارەتلەشكە قەتئىي يول قويماسلىقىمىز، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسىنى ئىنكار قىلىشقا قەتئىي يول قويماسلىقىمىز كېرەك. رۇسىيە تەرەپ داۋاملىق دوستانە جۇڭگو بىلەن بىرلىكتە پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، پۈتۈن يەر شارىنىڭ مۇقىملىقى ۋە خەۋپسىزلىكىنى قوغداشنى خالايدۇ.

---

(بېشى 2 - بەتتە)

— جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. يول مەسىلىسى پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشىغا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى پارتىيە ۋە خەلق مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، كۆرمىگەن جاپا - مۇشەققەت ۋە خەۋپ - خەتەرنى يېڭىپ قولغا كەلتۈرگەن قىممەتلىك نەتىجە. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق ئېچىلغان، جۇڭخۇا زېمىنىدا يىلتىز تارتقان بولۇپ، جۇڭگو خەلقىگە بەخت، خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدىغان توغرا يول. مەيلى قانداق بوران - چاپقۇنغا يولۇقۇشتىن قەتئىينەزەر، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىدە ئىزچىل بولۇپ، ھەرگىز ھەر خىل شاۋقۇن - سۈرەن سەۋەبىدىن تۇتقان يولنى ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك. يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، بىزنىڭ يولىمىز مۇقەررەر ماڭغانسېرى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ، بىزنىڭ تۈزۈمىمىز مۇقەررەر بارغانسېرى پىششىق يېتىلىدۇ. ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بۇرمىلاشقا ۋە ئۆزگەرتىشكە، جۇڭگو خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىشقا ۋە خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىدىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ!

— جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. خەلق تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىنى، تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان تۈپ كۈچ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى خەلق ئارىسىدىن كەلگەن، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتقان، ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچى جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش، تۈپ مەقسىتى جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش. بىز ھەممىدە خەلقنى كۆزلەش، ھەممىدە خەلققە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، خەلققە زىچ تايىنىپ ئىشلاردا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن جۇڭگو خەلقىنى ئايرىۋېتىشكە، قارشىلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ!

— جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن كۈرەش روھىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو خەلقى كۈرەش داۋامىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋە زورايغان، كۈرەش روھى جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتتىن ئىبارەت ھەرقايسى مەزگىللىرىگە سىڭىپ كەتكەن. دۆلىتىمىز دەل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئىسلاھات، تەرەققىيات دەل ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىش، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنىڭ مۇھىم باسقۇچىدا تۇرماقتا، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدا بىز دۇچ كېلىدىغان مۇھىم، زور كۆرەشلەر ئاز بولمايدۇ. بىز جەزمەن قانچە خەۋپ - خەتەر بولغانسېرى شۇنچە ئىلگىرىلەش روھى بويىچە قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. ئومۇمەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ھەر خىل خەۋپ - خەتەر، خىرىسلار، ئومۇمەن دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ھەر خىل خەۋپ - خەتەر، خىرىسلار، ئومۇمەن دۆلىتىمىزنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتى ۋە مۇھىم زور پرىنسىپلىرىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ھەر خىل خەۋپ - خەتەر، خىرىسلار، ئومۇمەن دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ھەر خىل خەۋپ - خەتەر، خىرىسلار، ئومۇمەن دۆلىتىمىزنىڭ «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ھەر خىل خەۋپ - خەتەر، خىرىسلار يېتىپ كەلسىلا، بىز جەزمەن قىلچە تەۋرەنمەي، قىلچە چېكىنمەي، تاكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىچە قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. تارىخ شۇنى مۇقەررەر ئىسپاتلايدۇكى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشكە قاراپ يۈرۈش قىلغان تارىخ قەدىمىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ زومىگەرلىك ۋاستىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى جۇڭگوغا مەجبۇرىي تېڭىشقا، جۇڭگونىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشكە، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى يارىتىش تىرىشچانلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنىدىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ!

— جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن قەتئىي تەۋرەنمەي تىنچ تەرەققىيات يولىدا مېڭىش كېرەك. يېقىنقى زاماندىن بۇيان، جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا، خورلىشىغا، تالان - تاراج قىلىشىغا ئۇچرىغىنىغا 100 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو خەلقى بۇنىڭدىن ئاجىزلارنى كۈچلۈكلەر بوزەك قىلىشتەك قاراقچى لوگىكىسىنى ئۆگەنمەستىن، بەلكى تىنچلىقنى قوغداش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى «جاھاندىكىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرى» دېگەن ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا بىرلىكتە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. جۇڭگو خەلقى تىنچلىقنى قىزغىن سۆيىدۇ، تىنچلىقنى قەدىرلەيدۇ، دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغداش، زومىگەرلىككە ۋە زوراۋانلىق سىياسىيسىغا قارشى تۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىدۇ. قورال كۈچىنى ھە دېسىلا ئىشقا سېلىش ياكى قورال كۈچى بىلەن تەھدىت سېلىش ئارقىلىق خەلقئارا تالاش - تارتىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، ئالىمىش «دېموكراتىيە»، «ئەركىنلىك»، «كىشىلىك ھوقۇق» قاتارلىقلارنى دەستەك قىلىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا خالىغانچە ئارىلىشىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. جۇڭگو خەلقى ئىلگىرىكىدەكلا ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىدۇ. ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگو خەلقىنىڭ تىنچ تۇرمۇشى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى - مەنپەئىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، جۇڭگو خەلقىنىڭ باشقا دۆلەت خەلقلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشى، ھەمكارلىشىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىدىن ئىبارەت يۈكسەك ئىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ!

قېرىنداشلار، يولداشلار، دوستلار!

ئىلگىرىكى ئىشلاردىن ئۆرنەك ئالغاندىلا، كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى بىلگىلى بولىدۇ. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت شانلىق قىرغاققا قاراپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشى كېرەك. بۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان بارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان بارلىق قەھرىمانلارنىڭ روھىغا ئەڭ ياخشى تەسەللىي بەرگەنلىك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شۇنداقلا بىرىنچى قېتىم تولۇق غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلگەن مىللەتنىڭ ئازادلىق كۈرىشى. بۇ ئۇلۇغ غەلىبە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېقىنقى زاماندىن بۇيان چوڭقۇر ئېغىر كرىزىسقا پېتىپ قېلىشتىن ئۇلۇغ گۈللىنىشكە قاراپ يۈرۈش قىلىشتىكى تارىخىي بۇرۇلۇش نۇقتىسى، شۇنداقلا دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، جۇڭگو خەلقىنىڭ غەلىبىسى، شۇنداقلا دۇنيا خەلقىنىڭ غەلىبىسى. جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخ سەھىپىسىگە مەڭگۈلۈك ئويۇلىدۇ، ئىنسانلار ھەققانىيەت ئىشلىرىنىڭ تارىخ سەھىپىسىگە مەڭگۈلۈك ئويۇلىدۇ.

شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشقان پېشقەدەم جەڭچىلەر، پېشقەدەم يولداشلار، ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىكى جىياڭلىڭلارغا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسى ئۈچۈن تارىخىي تۆھپە قوشقان دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى قوللىغان ۋە ياردەم بەرگەن چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقئارادىكى دوستلارغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى، غەلىبە ئۈچۈن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان بارلىق قەھرىمانلارغا، تاجاۋۇزچىلارنىڭ پاجىئەلىك قىرغىن قىلىشىغا ئۇچراپ قازا قىلغانلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «18 - سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، جۇڭگو خەلقى چاڭبەيشەن تېغى ۋە خېيلۇڭجياڭ دەرياسى ئارىسىدا جاسارەت بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، بۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. «7 - ئىيۇل ۋەقەسى»دىن كېيىن، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ ھاياتلىق يولى ئىزدەش جۇڭگودىكى ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلار، ھەرقايسى مىللەتلەر، ھەرقايسى سىنىپلار، ھەرقايسى قاتلاملار، ھەرقايسى تەشكىلاتلار ھەم چەت ئەللەردىكى خۇاچياۋ، خۇارېنلارنىڭ ئورتاق ئىرادىسى ۋە ھەرىكىتىگە ئايلاندى، جۇڭگو شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پۈتكۈل مىللەتنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى باسقۇچىغا كىردى، ھەم دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ شەرقتىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانىنى ئاچتى. مىسلىسىز مۇشەققەتلىك ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا، بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن جەڭ قىلدى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن جەڭ قىلدى، ئىنسانىيەتنىڭ ھەققانىيلىقى ئۈچۈن جەڭ قىلدى، جەمئىيەت سەپەرۋەرلىكىنىڭ كەڭلىكى، مىللەت ئويغىنىشىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كۈرەش ئىرادىسىنىڭ قەيسەرلىكى، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئېتىقادىنىڭ قەتئىيلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مىسلىسىز يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى. جۇڭگو خەلقى قەتئىي تىز پۈكمەس جاسارەت بىلەن كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىپ، قان ۋە گۆشتىن پۈتۈلگەن تېنى بىلەن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىشتەك روھ بىلەن دۆلەتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى يېڭىشكە ئاتلىنىپ، يەر - جاھاننى لەرزىگە سالىدىغان، ئىنتايىن تەسىرلىك ھەيۋەتلىك تارىخىي داستاننى پۈتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى ياپون مىلىتارىزمىنىڭ جۇڭگونى مۇستەملىكە قىلىش، قۇل قىلىش سۇيىقەستىنى ئۈزۈل - كېسىل بىتچىت قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى كۈچلۈك قوغداپ، يېقىنقى زاماندىن بۇيان چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى كۆپ قېتىملىق جەڭدە ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇشتەك مىللەتنىڭ ئار - نومۇسىنى ئۈزۈل - كېسىل يۇيدى. جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى قايتىدىن تىكلىدى، جۇڭگو خەلقى دۇنيادىكى تىنچلىقپەرۋەر خەلقلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى، جۇڭخۇا مىللىتى يۈكسەك مىللىي ئابرۇيغا ئېرىشتى. جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى، ئەركىنلىكى، ئازادلىققا ئىنتىلىش ئىرادىسىنى جىڭىتىپ، قەدىمىي جۇڭگودىن ئىبارەت سۇمۇرغنىڭ ئوتتا تاۋلىنىپ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىش تارىخىي يېڭى مۇساپىسىنى ئاچتى.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان مىللەت روھىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرغان ئۇلۇغ غەلىبىسى، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، جاسارەت بىلەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى جەڭ قىلغانلىقىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى، جۇڭگو خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ھەممە ھەرقايسى دۆلەت خەلقى بىلەن بىللە مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن ياپونىيە يېقىن قوشنا. جۇڭگو بىلەن ياپونىيەنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچ - دوستانە مۇناسىۋىتىنى ساقلاش ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن، ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن. ياپون مىلىتارىزمىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تارىخىغا توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە خاتالىقى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىش جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم سىياسىي ئاساسى. ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالماي، كېيىنكى ئىشلارغا ئۆرنەك قىلىش كېرەك. بىزنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلىشىمىز تارىخنى ئۆرنەك قىلىپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، بىرلىكتە تىنچلىقنى قەدىرلەپ، تىنچلىقنى قوغداپ، جۇڭگو - ياپونىيە ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا دوستانە ئۆتۈشىگە، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تىنچلىق، خاتىرجەملىكتىن مەڭگۈ بەھرىلىنىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈندۇر.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبە قىلغان 75 يىلدىن بۇيان، جۇڭگودا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى يارىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاچتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئاز قالدى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى پارلاق ئىستىقبالنى كۈتۈۋالدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، جەزمەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش، جەزمەن خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، جەزمەن كۈرەش روھىدا چىڭ تۇرۇش، جەزمەن تىنچ تەرەققىيات يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىش كېرەك. ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاشقا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاساسىي مەقسىتىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىدىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ! ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بۇرمىلاشقا ۋە ئۆزگەرتىشكە، جۇڭگو خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى ئىنكار قىلىشقا ۋە خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىدىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ! ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن جۇڭگو خەلقىنى ئايرىۋېتىشكە، قارشىلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ! ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ زومىگەرلىك ۋاستىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى جۇڭگوغا مەجبۇرىي تېڭىشقا، جۇڭگونىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشكە، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى يارىتىش تىرىشچانلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنىدىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ! ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگو خەلقىنىڭ تىنچ تۇرمۇشى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى - مەنپەئىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، جۇڭگو خەلقىنىڭ باشقا دۆلەت خەلقلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى، ھەمكارلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىدىن ئىبارەت يۈكسەك ئىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ!

ۋاڭ خۇنىڭ سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ مەزمۇنى يۈكسەك، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىيلىق، ئىدىيەۋىلىك، ئىستراتېگىيەلىككە ۋە يېتەكچى خاراكتېرگە ئىگە، بىز چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، سانسىزلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ياراتقان ئۇلۇغ ئىشلارنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلايلى.

سۆھبەت يىغىنىدا، مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى چۈ چىڭشەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى مياۋ خۇا، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشقان پېشقەدەم جەڭچىلەر ۋەكىلى ۋاڭ ئېيتىيەن، ياش ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى جيەن لېڭشياۋلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۆز قىلدى.

دىڭ شۆشياڭ، ۋاڭ چېن، شۈ چىلياڭ، جاڭ يوۋشيا، خۇاڭ كۈنمىڭ، سەي چى، چېن جۇ، شياۋ جيې، جاڭ چىڭلى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشقان پېشقەدەم جەڭچىلەر ۋە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشقان جىياڭلىڭلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋەكىللىرى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋەكىللىرى، مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى ۋە بېيجىڭ شەھىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيىسىز زاتلار ۋەكىللىرى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان خەلقئارا دوستلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋەكىللىرى، پايتەختتىكى ھەر ساھە ئامما ۋەكىللىرى قاتارلىقلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.